سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

# تۈپ سىياسىي تۈزۈم ئورنىتىلدى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1954 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بېيجىڭ جۇڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىدا داغدۇغىلىق ئېچىلغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئىزچىل ۋاكالىتەن يۈرگۈزگەندى.

1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان 1226 نەپەر ۋەكىل (ئەمەلىي قاتناشقىنى 1210 نەپەر) جۇڭگودا تارىختىن بۇيان بىرىنچى قېتىم ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن. 1953 - يىلى 2 - ئايدا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان، ليۇ شاۋچى رەئىسلىكىدىكى مەركىزىي سايلام كومىتېتى قۇرۇلغان. 1953 - يىلى 4 - ئايدا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاش خىزمىتى باشلانغان. ھەرقايسى جايلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا نامىزات بېلەت تاشلاش، قول كۆتۈرۈش، پۇرچاق تاشلاپ سايلاش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ سايلام ئۆتكۈزگەن. ماۋ زېدۇڭ قاتارلىقلار 1953 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچتە، بېيجىڭ شەھىرى شىدەن رايونى جۇڭنەنخەي بېلەت تاشلاش پونكىتىدا بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان.

بۇ قېتىمقى ئومۇمىي سايلامدا ھەر مىللەت، ھەرقايسى قاتلام، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدىن ۋەكىللىك زاتلار سايلاپ چىقىلغان، بۇلار سانائەت سېپىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋاڭ چۇڭلۈن، يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى لى شۈندا، 90 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بوۋاي چې بېيشى، ئەمدىلا سايلام يېشىغا توشقان ياش ئايال ئىشچى خاۋ جيەنشيۇ ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى، ۋەتەنگە قايتقان خۇاچياۋلار ۋەكىللىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

1954 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئوڭۇشلۇق ئېچىلغان. يىغىندا ليۇ شاۋچى بەرگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇن لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات»، جوۋ ئېنلەي بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» ھەمدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» قاتارلىق بىر قاتار قانۇنلار ماقۇللانغان. قۇرۇلتايدا ماۋ زېدۇڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە، جۇ دې جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، ليۇ شاۋچى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقلىقىغا سايلانغان؛ ماۋ زېدۇڭنىڭ نامزاتلىققا كۆرسىتىشى بىلەن، قۇرۇلتاي جوۋ ئېنلەينىڭ گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى بولۇشىنى قارار قىلغان.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، يىغىن غەلىبىلىك يېپىلغان. بۇ قېتىمقى يىغىن دۆلىتىمىز خەلق دېموكراتىك قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئابىدە. 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى بەلگە قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يېڭى جۇڭگونىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى سۈپىتىدە رەسمىي ئورنىتىلغان.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 7 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى يېپىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ قېتىمقى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا «دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېغىر نامرات ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش» قارالما قىلىنىپ مەخسۇس تېمىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرى مۇھاكىمە قىلىندى، ئەزالار چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، مول ئىجابىي پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پائال تۈردە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشىنى پايدىلىق پايدىلانما بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار، ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملىشى كېرەك.

نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۇقراۋى كارخانىلار ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىيىتىدىكى نامراتلارنى يۆلەشتىكى جەڭگىۋار قوشۇن بولۇپ، تەرەققىي قىلىپ زورىيىش بىلەن بىللە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتلىنىشى كېرەك. نامراتلارنى كەسىپ ئارقىلىق يۆلەش بىلەن نامراتلارنى ئىستېمال ئارقىلىق يۆلەشتە كارامىتىنى كۆرسىتىپ، پائال تۈردە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش يېڭى كەسىپ ھالىتىنى يېتىلدۈرۈپ، تەربىيەلەشنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئارتۇق ئەمگەكچىلەرنى يېتەكلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەڭ زور دەرىجىدە ياردەم بېرىپ، ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىغا كۈچ قوشۇش كېرەك.

نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى ئاكتىپ كۈچنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەش كېرەك. ئىدىيە - سىياسىي جەھەتتىن يېتەكلەش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، چارە - تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۈچەپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا پائال ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە يېتەكلەش كېرەك. سىياسىي كېڭەشنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى كۈچلەرنى مۇجەسسەملەش كېرەك. سىياسىي كېڭەشنىڭ ئاقىللار ئامبىرىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى كېڭىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆرسىتىش كېرەك. سىياسىي كېڭەشنىڭ ياردەم بېرىش - يۆلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش بايلىقىنىڭ نامرات ناھىيە، نامرات كەنت، نامرات ئاممىغا مايىللىشىشى ۋە مەركەزلىشىشىگە كۈچەشكە ماسلىشىپ تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىياسىي كېڭەشنىڭ نازارەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقى ئۈچۈن ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ئەستايىدىل ياخشى قانات يايدۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا كادىرلار ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئىشلار ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ھەبى سالام بەرگەن «شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى» تېمىسىدىكى مەخسۇس تېملىق لېكسىيە ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇتەللىپ ئوبۇل، ياڭ يۇڭ، ئىلھام سابىر يىغىنغا قاتناشتى.

# ياۋ جې: مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى



ياۋ جېنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر چېن ۋېنگۇاڭ)** خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شاۋياڭ شەھىرى شۇاڭچىڭ رايونى دۇتۇچياۋ بازىرى جياڭجۇن ياۋ جېنىڭ يۇرتى، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن نام بېرىلگەن بىر مەكتەپ بار — ئۇ ياۋ جې ئوتتۇرا مەكتىپى. مەكتەپ ئىچىدە، جياڭجۇن ياۋ جېنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسىغا قارىتىپ قويۇلغان ھەربىي فورمىلىق ھەيكىلى بار بولۇپ، مەكتەپكە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ھەربىر كىشىگە «نەزەر تاشلاپ» تۇرىدۇ. بۇ، شاۋياڭ شەھىرىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيەسى بازىسى بولغاچقا، ھەر يىلى يېڭى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرگەندە، مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنى ياۋ جېنىڭ ئىنقىلابىي ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئوقۇغۇچىلارغا يۇرتىدىكى ئىنقىلابىي ئەجدادلارنى ئەستىن چىقارماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ.

ياۋ جې جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك جياڭلىقى، 1906 - يىلى تۇغۇلغان، خۇنەن شاۋياڭدىن. 1925 - يىلى يېزا دېھقانلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىپ، رەئىس بولغان. 1928 - يىلى 7 - ئايدا پىڭجياڭ قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسىگە كىرگەن. 1929 - يىلى، ياۋ جې جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

ياۋ جې ئىلگىرى قىزىل ئارمىيەنىڭ ليەنجاڭى، يىڭجاڭى، تۇەنجاڭى، شى سەنمۇجاڭى بولغان، مەركىزىي سوۋېت رايونىنىڭ ھەر قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشقا قاتناشقان. 1934 - يىلى 1 - ئايدا، فۇجيەن شاشيەن ناھىيەسىدىكى جەڭدە، ياۋ جې 50تىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ شەھەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن دۈشمەن بىلەن شىددەتلىك كوچا جېڭى ۋە نەيزىۋازلىق قىلىشىۋاتقاندا، بەدىنى ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ قەيسەرلىك بىلەن قوماندانلىق قىلغان، مەركىزىي ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تارقىتىپ بەرگەن 3 - دەرىجىلىك قىزىل يۇلتۇز مېدالىغا ئېرىشكەن. ئۇزۇن سەپەر داۋامىدا ئىلگىرى دۆلەت سىياسىي مۇھاپىزەت ئىدارىسىنىڭ زۇڭدۇيجاڭى بولغان. شىمالىي شەنشىگە كەلگەندىن كېيىن، ياۋ جې شى سەنمۇجاڭى، شىجاڭ بولغان، جىلو بازىرى، شەرققە يۈرۈش قىلىش، غەربكە يۈرۈش قىلىش قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. 1937 - يىلى باھاردا، يەنئەنگە كېلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سىياسىي داشۆسىدە ئوقۇغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، ياۋ جې 8 - ئارمىيەنىڭ 120 - شىسى 358 - لۈيىنىڭ سەنمۇجاڭى، 715 - تۇەننىڭ مۇۋەققەت تۇەنجاڭى بولۇپ، سەنشىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يەتتە شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش قاتارلىق جەڭلەرگە قاتناشقان. 1938 - يىلى 8 - ئايدا، ياۋ جې لى جىڭچۇەن بىلەن قوشۇن باشلاپ داچىڭشەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بازىسىنى ئېچىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ داچىڭشەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى، سىلىڭيۈەنى بولغان، كېيىن 100 تۈمەن ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ۋە داچىڭشەن ئارمىيە - خەلقىنىڭ «تازىلاش»قا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، سۈييۈەن ۋە سەنشىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ زىچ ماسلىشىشىغا مۇھىم شارائىت ھازىرلاپ، داچىڭشەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان. 1943 - يىلى، ياۋ جې شىمالىي جىنگرا شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى بولغان، 1945 - يىلىدىن باشلاپ سۈيمېڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى بولۇپ، قوشۇن باشلاپ داتۇڭ - جىنىڭ قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان.

1948 - يىلىدىن كېيىن، ياۋ جې غەربىي شىمال دالا ئارمىيەسى 8 - زۇڭدۇيىنىڭ سىلىڭيۈەنى، 1 - دالا ئارمىيەسى 8 - جۈنىنىڭ جۈنجاڭى، قوشۇمچە سۈيمېڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى بولغان. ھەر قېتىملىق ئىنقىلابىي ئۇرۇشلاردا، ياۋ جې پىداكارلىق بىلەن كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياۋ جې سۈييۈەن ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى بولغان. 1951 - يىلى 8 - ئايدا، ئۇ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى 23 - بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى بولغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى باش يۇقىرى دەرىجىلىك پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىنىڭ 1 - مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، مەكتەپ مۇدىرى، ۋۇخەن ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى بولغان. 1955 - يىلى، ياۋ جې جۇڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1979 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بېيجىڭدا كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان.

گەرچە جياڭجۇن ياۋ جېنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 40 يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما يۇرتداشلىرىنىڭ قەلبىدە ئۇ ئەزەلدىن يىراقلىشىپ كەتمىدى. ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، جياڭجۇن ياۋ جې تۇغۇلغان كەنتنىڭ نامى ياۋ جې كەنتىگە ئۆزگەرتىلدى ھەم بۇ كەنت شۇ جاينىڭ يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك كەنتكە ئايلاندى. «جياڭجۇن ياۋ جې كەنتىمىزنىڭ پەخرى، بىز كۆپ تەرەپلەردىن مەبلەغ جۇغلاپ، جياڭجۇننىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى قاتارلىقلارنى رېمونت قىلىپ، قىزىل مەدەنىيەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى بەرپا قىلىشقا تىرىشۋاتىمىز» دېدى ياۋ جې كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ گوخۇڭ.

# مەتتوختى: نامرات ئاھالىدىن شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقىغىچە

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىل 4 - ئايدا لوپ ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەتتوختى ناھىيەدىكى بىر نىمكەش ئاپتوموبىل سودىسى شىركىتىگە ئىشقا چۈشتى. ئۇنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىق سەۋىيەسى يامان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىشىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەستايىدىل، تىرىشچان بولغاچقا، تىجارەت نەتىجىسى بارغانسېرى ياخشى بولدى. «مەن ھازىر شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، تىجارەت ياخشى بولسا يىل ئاخىرىدا پايدا ئايرىپ بېرىدۇ.» مەتتوختىنىڭ كۆزىدىن ئۈمىد چاقناپ تۇراتتى.

## ■ ئەتىگەن چىقىپ كەچ قايتىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش

«بېيجىڭدىن سېتىۋالغان ئاپتوموبىل يېقىندا خوتەنگە يېتىپ كېلىدۇ، يېڭى دۇكاننى زىننەتلەشمۇ پات يېقىندا تاماملىنىدۇ، ئۇزاققا قالماي شىركەتنى كۆچۈرىمىز...» مەتتوختى بۇ بىرقانچە كۈندە ئالدىراش بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى.

مۇخبىرلار مەتتوختى ئىشلەۋاتقان سودا شىركىتىنىڭ دەرۋازىسىدا قاتار رەتلىك تىزىلغان ئون نەچچە نىمكەش ئاپتوموبىلنى كۆردى، بۇ ئاپتوموبىللارنىڭ نۇرغۇنى بېيجىڭ، شەندۇڭ، جياڭسۇ قاتارلىق جايلاردىن سېتىۋېلىنغان ئىكەن. مەتتوختىنىڭ خىزمىتى ئىچكىرى رايونلاردىكى خېرىدارلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، باھادا كېلىشىپ، ئاندىن ئادەم ئەۋەتىپ ئاپتوموبىلنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىكەن.

يېڭىدىن ئىشقا كىرىشكەندە، ئۇ ئاپتوموبىلنى تازا چۈشەنمەيتتى، ئاپتوموبىل دېگەننى ھەيدىگىلى بولسىلا بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئەمەلىيەتتە، نىمكەش ئاپتوموبىل سودىسى كۆزىتىش ئىقتىدارى بىلەن ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى سىنايدىغان بولۇپ، قايسى تىپتىكى ئاپتوموبىلنىڭ سېتىلىشى ياخشى، ئاپتوموبىل ۋەقەگە ئۇچرىغانمۇ يوق، قانداق يىل چەكلىمىسىدىكى ئاپتوموبىلنى قانداق باھادا سېتىش، دېگەنلەردە چوقۇم كۆڭۈلدە سان بولۇش كېرەك ئىدى.

مەتتوختى باشتىن باشلاپ ئۆگىنىشكە كىرىشتى. «مەن ئاۋۋال يېقىن ئەتراپتىكى نىمكەش ئاپتوموبىل بازىرىدا قانداق ئاپتوموبىللارنىڭ ياخشى سېتىلىۋاتقانلىقىغا، پۇتۇشۇش باھاسىنىڭ قانچە پۇل بولۇۋاتقانلىقىغا قارايمەن، ئاندىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى نىمكەش ئاپتوموبىل سودىسى تور بېكەتلىرىدىن ئۇچۇر ئىزدەيمەن، بۇ يەردىكىدىن ئەرزان سېتىۋالغىلى بولىدىغان ئاپتوموبىلنى ئۇچراتسام، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرىمەن.» مەتتوختى مۇنداق دېدى: «ئادەتتە مەن قارشى تەرەپتىن ئاپتوموبىلنى سىنىغا ئېلىپ ياكى سۈرەتكە تارتىپ ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن، ئاپتوموبىلنىڭ ئېغىر قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغان - ئۇچرىمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرىمەن، باسقان مۇساپىسى ۋە ماي سەرپىياتىنى ئىگىلەيمەن، ئاندىن باھاسىنى دېيىشىمەن. باھادا كېلىشەلىسەكلا، بۇ سودا ئاساسىي جەھەتتىن پۈتىدۇ».

پۇتۇڭخۇانى ياخشى سۆزلىگەنلىكتىن، بۇ خىزمەتكە ئاساسەن مەتتوختى مەسئۇل ئىكەن، شۇڭا ئەتىگەن چىقىپ كەچ قايتىش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپتۇ.

## ■ قىزىمنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلغىلى تاس قاپتىمەن

«ھازىر ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، پۇلمۇ تاپالايدىغان بولدۇم، مەن باللىرىمغا ئوقۇش پۇلى يىغىمەن، قىز بولسۇن، ئوغۇل بولسۇن ھەممىسى ئوقۇشى.» بالا تەربىيەلەشنى تىلغا ئالغاندا، مەتتوختى ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆكۈندى.

مەتتوختى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۆرلەپ ئوقۇمىغان بولۇپ، قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن دائىم قانۇنسىز تەبلىغ ئېيتىش سورۇنلىرىغا بېرىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن تەدرىجىي يۇقۇملانغانىدى.

توي قىلغاندىن كېيىن، مەتتوختى ئائىلىسىنىڭ ئىككى مودىن كۆپرەك يېرىگە تايىنىپ كۈن كەچۈردى، گەرچە دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان نۇرغۇن ياخشى سىياسەت بولسىمۇ، ئۇ تىرىشچانلىقنى خالىمايتتى، ھەر يىلى ھوسۇل ئالغان بۇغدىيى ئاران تۇرمۇشنى قامداشقىلا يېتەتتى.

ئادەتتىكى كۈنلەردە، ئۇ ئايالىنى سىرتقا چىقارمايتتى، ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىشىنى يۈزى تۆكۈلىدىغان ئىش، پۈتۈن ئائىلىنى نەس باسىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۆزىمۇ باشقىلار بىلەن ئارىلاشمايتتى، باشقىلارنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆرگەندە، مەتتوختى ئىشىكنى مەھكەم يېپىۋالاتتى.

چوڭ قىزىنىڭ مەكتەپتىكى نەتىجىسى ئىنتايىن ياخشى ئىدى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەتتوختى قىزىنى داۋاملىق ئوقۇتۇشنى خالىمىدى. «ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، قىز بالا دېگەن بالدۇر توي قىلىشى كېرەك، كۆپ ئوقۇسا ياتلىق بولالمايدۇ.» مەتتوختى قىزىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىشكە تەييارلىق قىلدى، ھەتتا قىزىغا لايىق تېپىپ تويىنى قىلىۋېتىش ئويىدىمۇ بولدى.

بۇنىڭغا خوتۇنى ئۆزىنسا مەممەت قەتئىي قارشى چىقتى، شۇ سەۋەبتىن ئائىلىسىدە نۇرغۇن جېدەل بولدى. كېيىن، خوتۇنىنىڭ قاتتىق چىڭ تۇرۇشى ۋە كەنت كادىرلىرىنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، مەتتوختى قىزىنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىشىغا تەستە قوشۇلدى. ئاخىرىدا، قىزى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتتى.

قىزىنىڭ شۇ قەدەر خۇشال بولغىنىنى كۆرۈپ، مەتتوختى ئۆز قىلمىشى ئۈستىدە ئويلىنىشنى باشلىدى. ئۇ كەنت كومىتېتىغا بېرىپ كەنت كادىرلىرى بىلەن سىرداشىپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىدە مەسىلە بارلىقىنى بايقىدى، ئۇ ئۆزگىرىشنى ئويلىدى. 2018 - يىلى، مەتتوختى لوپ ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا تىزىملاتتى. ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇ تەدرىجىي ھالدا ئاشۇ ئاتالمىش «قائىدە»لەرنىڭ ئەسلىدە دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ ھىيلە - نەيرىڭى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇدى.

«ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرىپ مېنىڭ كۈنۈم ياخشىلاندىمۇ؟ ياق! يەنە تېخى قىزىمنى نابۇت قىلغىلى تاس قالدىم» دېدى مەتتوختى، ئۇ ھازىر، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرمەن دەيدىكەن، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە تايىنىش، يەنە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىش كېرەكلىكىنى چۈشەندى.

تەربىيەلەش مەركىزىدە، مەتتوختى مېھمانسارايى باشقۇرۇش كەسپىنى تاللىدى، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن پىكىرلىشىشنى، ھەمكارلىشىشنى ئۆگەنگۈسى بار ئىدى. ئۆزىنىڭ پۇتۇڭخۇا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مەتتوختى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئاڭلاش، سۆزلەش ئىقتىدارىنى مەشىق قىلدى. «پايدىسى بار ئىكەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى مېنى تېز ئىلگىرىلىدى، دەپ ماختىدى» دېدى مەتتوختى، ئۇنى خۇشال قىلىدىغىنى، قىزىنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقى ئىكەن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، بالىنىڭ نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشىدە ئۈمىد بار ئىكەن.

## ■ ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تايىنىش كېرەك

«ئىلگىرى بىز بۇ نەۋرە ئاكامدىن بەكلا ئەنسىرەيتتۇق، تەربىيەلەش مەركىزىنى تاماملاپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باشقىلا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپتۇ.» مەتتوختىنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئەكبەر ئەركىن ئاكىسىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئۇ ھازىر ئوچۇق - يورۇق، خۇش پېئىل، يەنە تېخى ئىشچان بولۇپ كەتتى».

مەتتوختىنىڭ لوپ ناھىيە بازىرىدىكى ئۆيىگە كىرگىنىمىزدە، قىزىل گىلەم، ئالتۇن رەڭلىك تام قەغىزى پۈتۈن ئۆيگە ئىنتايىن كۆركەم تۈس بەرگەنىدى، ياتاق، مېھمانخانا، ئاشخانا، ھاجەتخانا پاكىز، رەتلىك يىغىشتۇرۇلغانىدى. «بۇ كۈنلەردە ئۇ ‹كۆك بۆرە› ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى قىزىقىپ كۆرۈۋاتىدۇ، تېخى مېنىمۇ بىللە كۆر دەۋاتىدۇ.» ئۆزىنسانىڭ ئېيتىشىچە، ئېرى ئۇنىڭ پۇتۇڭخۇادا سۆزلەشنى ئۆگىنىپ، كېيىن تاللا بازار ئېچىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

«ھازىر مېنىڭ ئويۇم ئۆزگەردى، خوتۇنۇمنىڭ سىرتقا چىقىپ، بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم، بۇنداق بولغاندا ئائىلىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە سىرت بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشالايدىكەن» دېدى مەتتوختى.

بۈگۈنكى كۈندە، مەتتوختىنىڭ ئىشلىرى يۇقىرى ئۆرلەش مەزگىلىگە كىردى. ئۇ تۇرۇشلۇق كارخانىنىڭ يېڭى دۇكىنىنىڭ كۆلىمى 300 نەچچە كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئازادە بولغان كۆرگەزمە زالىدىن باشقا، يەنە ئاپتوموبىل بويۇملىرىنى سېتىش رايونى بار ئىكەن، كەينىدە ئاپتوموبىل يۇيۇش ئۆيى بولۇپ، توشۇپ كېلىنگەن نىمكەش ئاپتوموبىللارنى ئومۇميۈزلۈك «پەرداز»لىغىلى بولىدىكەن.

«خوتەن شەھىرىدىكى تارماق شىركەت پات ئارىدا تىجارەت باشلىماقچى، كۆلىمى 600 نەچچە كۋادرات مېتىر، كەلگۈسىدە ئاپتوموبىل تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ، خېرىدارلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ.» مەتتوختى كەلگۈسى توغرىسىدا توختالغاندا ناھايىتى ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: شىركەتنىڭ كەسپىنى يەنە ئۆي - مۈلۈك ۋاستىچىلىك سودىسىغىچە كېڭەيتمەكچى، مېنىڭ ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرىم بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ.

بەزىدە، مەتتوختى ئاپتوموبىل ھەيدەپ يۇرتداشلىرىنى كۆرگىلى كەنتكە قايتىدۇ. قوشنىسى مەتنىياز ئىسلام دائىم چاقچاق قىلىپ، سەن ھازىر نوچى بولۇپ كەتتىڭ، ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرۈپ، دەيدۇ. ھەر قېتىم شۇنداق چاغدا، مەتتوختى ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: ياخشى كۈنلەرگە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئەمدى ئىلگىرىكىدەك نادانلارچە كۈن ئۆتكۈزسەك بولمايدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)